# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي

26

پەيشەنبە

维吾尔文 9月26日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24830 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


شى جىنپىڭ «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى باھالاش ـ تەقدىرلەش ۋە ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى جۇڭگونىڭ كۈرەش سىمفونىيەسىنى ياڭرىتىپ، يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلار ناخشىسىنى ئېيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ مۇجەسسەملەش كېرەك

ۋاڭ خۇنىڭ «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجى‑سى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومى‑تېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى باھالاش ـ تەقدىرلەش ۋە ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم

# بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ رەسمىي ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى

خەن جېڭ مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** سۇمۇرغ قانات قېقىپ، كۆك ئاسمانغا ئىنتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇراسىمغا قاتناشتى، ئايروپورتنىڭ رەسمىي ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەم ئاۋىياتسىيە بىناسىنى كۆزدىن كەچۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئايروپورت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈشكە قاتناشقان كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالدىن بەلگىلەنگەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئوڭۇشلۇق ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلۈشى جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مول ئەمەلىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى، جۇڭگو روھى ۋە جۇڭگو كۈچىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زور ئىشلارنى قىلالايدىغان سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلى نېمىدېگەن شانلىق ـ ھە! جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، «مۇمكىن بولمايدىغان» ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۆجىزىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياراتتى. مۆجىزە ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىلغان، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇراسىمغا قاتناشتى، ئايروپورتىنىڭ رەسمىي ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەم ئاۋىياتسىيە بىناسىنى كۆزدىن كەچۈردى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۈ پېڭ فوتوسى

خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى

# تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدىغان خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى «تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلى» ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: 2019 ـ يىلى يېڭى يىل كىرىشى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ شانلىق تارىخىنى ئەسلىگەندە مۇنداق كۆرسەتتى: «بۇ 70 يىلدا مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭدۇق، 70 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلاردىن ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.» «باسقان ھەربىر قەدىمىمىزدە، جۇڭگو خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان جۇڭگو مۆجىزىسىنى ياراتتى.» تارىخنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قايتا نەزەر سېلىشقا ئۇلۇغ مۇساپىنى چەكسىز قەدىرلەش مۇجەسسەملەنگەن، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

«ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

# شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەندىن 13 كىشى تاللاندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىش، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق جاڭ فۇچىڭ قاتارلىق 278 شەخسكە، شىئەن قاتناش داشۆسى «غەربكە كۆچكەنلەر» ۋەتەننى سۆيۈپ كۈرەش قىلغان ئىلغارلار توپى قاتارلىق 22 كوللېكتىپقا «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» نامىنى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن ئون كىشى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن ئۈچ كىشى بار.

شىنجاڭدىن «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» نامىغا ئېرىشكەن ئون كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: بۇرماقان مولدۇ، غەيرەت مامۇت، ليۇ مىڭتىڭ، نادىربەگ ئاۋازبەگ، ۋۇ دېڭيۈن، قۇربان نىياز، قۇربان تۇلۇم، جاڭ بياۋ، پېڭ جيامۇ، سەيپىدىن ئىسرائىل.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» نامىغا ئېرىشكەن ئۈچ كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: ليۇ خۇۋېن، جىن ماۋفاڭ، ۋېي دېيۈ.

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**مۇخبىرىمىز لى شىڭ خەۋەر قىلدۇ:** 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جابدۇق ياساش كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدىكى بازار تەمىنات ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇاڭچى گۇرۇھى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىگە كەلدى. گۇاڭچى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

**مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن خەۋەر قىلدۇ:** 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئورنىنى بەلگىلەش تەلىپىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايون جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ھەم شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى

چېن چۈەنگو سۆز قىلدى، ئىسمائىل تىلىۋالدى تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلدۇ:** يېقىندا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر شىنجاڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق يىغىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ھەم شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ خەلق سارىيى تەنتەنىلىك، قىزغىن كەيپىياتقا تولغانىدى. رەئىس سەھنىسىدە، دۆلەت گېربى سەھنىنىڭ دەل ئوتتۇرىغا ئېسىلغان بولۇپ، ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە رەتلىك تىزىلغانىدى.

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى.

ئازادلىق ئارمىيەنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسمىدىكى پېشقەدەم جەڭچىلەر، ئىسلاھات ئاۋانگارتلىرى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلار، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىك شەخسلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار، مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، خەلق رازى بولغان مەمۇرلار ۋە شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ 4 ـ ماي مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىقلاردىن ئون ۋەكىل يىغىندا سۆز قىلىپ ۋە يازما سۆز قىلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغان 70 يىلدىن بۇيانقى قالتىس مۇساپىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



يېقىندا، ئاپتونوم رايون جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ھەم شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. سۈرەتتە: تەبرىكلەش يىغىن مەيدانى. مۇخبىرىمىز سۈي جېجيەن فوتوسى

ئۈرۈمچىدە چىراغلار كۆزنى چاقنىتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەندى

# تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ۋەتەنگە بەخت تىلىدى



تەپسىلاتى 4 ـ بەتتە

□مۇخبىرىمىز شې لۇڭ فوتوسى